# پىۋا ۋە ئۇنىڭغا ئوخشايدىغان ئىچىملىكلەرنى ئىستىمال قىلىشنىڭ ھۆكمى

[ الأويغورية - ئۇيغۇرچە - uyghur ]


پەزىلەتلىك شەيخ ئەبدۇلئەزىز ئىبنى ئابدۇللاھ ئىبنى باز

تەرجىمە قىلغۇچى: سەيپىددىن ئەبۇ ئابدۇلئەزىز

تەكشۈرۈپ بېكىتكۈچى: نىزامىددىن تەمكىنى



2014 - 1435

IslamHouse.com

# حكم شرب البيرة ونحوها

« باللغة الأويغورية »


فضيلة الشيخ عبد العزيز بن عبد الله بن باز

ترجمة: سيف الدين أبو عبد العزيز

مراجعة: نظام الدين تمكيني



2014 - 1435

IslamHouse.com

# پىۋا ۋە ئۈنىڭغا ئوخشايدىغان ئىچىملىكلەرنى ئىستىمال قىلىشنىڭ ھۆكمى

127020 ـ نومۇرلۇق سوئال

سوئال:

پىۋا ۋە ئۈنىڭغا ئوخشايدىغان ئىچىملىكلەرنى ئىچىش توغرىمۇ؟ بۇ ھەقتە چۈشەنچە بېرىشىڭلارنى سورايمىز.

جاۋاپ:

بارلىق گۈزەل ماختاشلار ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى بولغان ئاللاھ تائالاغا خاستۇر.

پىۋىنىڭ تەركىبىدە مەست قىلغۇچى ماددىلار بولمىسا بۇنى ئىچكىلى بولىدۇ، ئەمما مەست قىلغۇچى ماددىلار بولۇپ قالسا بۇنى ئىچىش توغرا ئەمەس. شۇنىڭدەك تەركىبىدە مەست قىلغۇچى ماددا بار بولغان بارلىق يېمەكلىك ۋە ئېچىملىكلەردىن ھەزەر قىلىش لازىم. تەركىبىدە چەكلەنگەن نەرسىلەر مەۋجۇت بولغان نەرسىلەرنى يېيىش ـ ئېچىش دۇرۇس ئەمەس. بۇ ھەقتە ئاللاھ تائالا مۇنداق دېدۇ: ﴿يَا أَيُّهَا الَّذِينَ آمَنُوا إِنَّمَا الْخَمْرُ وَالْمَيْسِرُ وَالْأَنصَابُ وَالْأَزْلَامُ رِجْسٌ مِّنْ عَمَلِ الشَّيْطَانِ فَاجْتَنِبُوهُ لَعَلَّكُمْ تُفْلِحُونَ . إِنَّمَا يُرِيدُ الشَّيْطَانُ أَن يُوقِعَ بَيْنَكُمُ الْعَدَاوَةَ وَالْبَغْضَاءَ فِي الْخَمْرِ وَالْمَيْسِرِ وَيَصُدَّكُمْ عَن ذِكْرِ اللَّـهِ وَعَنِ الصَّلَاةِ، فَهَلْ أَنتُم مُّنتَهُونَ﴾ تەرجىمىسى: «ئى مۆمىنلەر! ھاراق ئىچىش، قىمار ئويناش، بۇتلار (يەنى چوقۇنۇش ئۈچۈن تىكلەنگەن تاشلار) غا چوقۇنۇش، پال ئوقلىرى بىلەن پال سېلىش شەيتاننىڭ ئىشى، پاسكىنا قىلىقلاردۇر، بەختكە ئېرىشىشىڭلار ئۈچۈن شەيتاننىڭ

ئىشىدىن يىراق بولۇڭلار. شەيتان هاراق، قىمار ئارقىلىق ئاراڭلاردا دۈشمەنلىك، ئاداۋەت تۇغدۇرماقچى، سىلەرنى نامازدىن ۋە ئاللاھنى ياد ئېتىشتىن توسماقچى بولىدۇ، سىلەر ئەمدى (هاراقتىن، قىماردىن) يانامسىلەر؟.» [مائىدە سۈرىسى 90ـ91ـئايەت].

بۇ هەقتە پەيغەمبەرئەلەيهىسسالام مۇنداق دېگەن: «هەر قانداق مەست قىلغۇچى ماددا هاراقتۇر، هەر قانداق مەست قىلغۇچى نەرسە هارامدۇر.» [مۇسلىم رىۋايىتى].

پەيغەمبەرئەلەيهىسسالام يەنە بىر هەدىستە مۇنداق دېگەن: «ئاللاھ تائالا هاراقنا، ئىچكۈچىگە، قۇيۇپ بەرگۈچىگە، ماددىسىنى تەييار قىلغۇچى ۋە تەييار قىلدۇرغۇچى، يەتكۈزۈپ بەرگۈچى ۋە يەتكۈزۈپ بېرىلگۈچىگە، ساتقۇچى ، سېتىۋالغۇچى ۋە ئۇنىڭ پۇلىنى خەجلىگۈچىگە لەنەت قىلدى.» [ئىبنى داۋۇد ۋە ئىبنى ماجە رىۋايىتى].

يەنە بىر هەدىستە پەيغەمبەرئەلەيهىسسالام مۇنداق دېگەن: «هەرقانداق مەست قىلغۇچى ئىچىملىك هارامدۇر».

يەنە بىر هەدىستە پەيغەمبەرئەلەيهىسسالام: «هەرقانداق مەست قىلغۇچى ۋە ئەقىلنى يوق قىلغۇچى نەرسىلەردىن چەكلىگەن».

بارلىق مۇسۇلمانلار هەرقانداق مەست قىلغۇچى ماددىلارنى ئىستىمال قىلىشتىن هەزەر قىلىشى كېرەك. ئەگەر بۇنداق ئىشنى قىلىپ سالغانلار بولسا، دەرهال ئۇنىڭدىن قول ئۈزۈپ، قىلمىشىغا ئۆكۈنۈپ ئاللاھ تائالاغا تەۋبە ـئىستىغپار ئېيتسۇن.

ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَتُوبُوا إِلَى اللَّـهِ جَمِيعًا أَيُّهَ الْمُؤْمِنُونَ لَعَلَّكُمْ تُفْلِحُونَ﴾ تەرجىمىسى: «ئى مۆمىنلەر نىجاتلىققا

ئىرىشىشىڭلار ئۈچۈن ھەممىڭلار ئاللاھقا تەۋبە قىلىڭلار.» [سۈرە نۇر 31-ئايەتنىڭ بىر قىسمى].

ئاللاھ تائالا يەنە مۇنداق دەيدۇ: ﴿يَا أَيُّهَا الَّذِينَ آمَنُوا تُوبُوا إِلَى اللَّـهِ تَوْبَةً نَّصُوحًا﴾ تەرجىمىسى: «ئى مۆمىنلەر ئاللاھقا سەمىمىي تەۋبە قىلىڭلار» [تەھرىم سۈرىسى 8-ئايەتنىڭ بىر قىسمى].

شەيخ ئىبنى باز پەتىۋالار توپلىمى (57\23).

ئاللاھ ھەممىدىن ياخشى بىلگۈچىدۇر.